ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

# خوتەن: ئاممىغا باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىسى ۋە نەتىجە ئۈنۈمىنى ھەقىقىي ھېس قىلدۇردى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز پەرزات ئابدۇل، ئەختىيارى مۇخبىرىمىز جاڭ يۈك

خوتەن ۋىلايىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىسىنى سىجىل مۇستەھكەملەپ، مەسىلىنى تۈزىتىشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇردى، ئاممىا ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئەڭ ئىنتىزار بولغان مەسىلىلەرنى بىر ـ بىرلەپ ھەل قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىغا باش تېما تەربىيەسى ئېلىپ كەلگەن يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى ھەقىقىي ھېس قىلدۇردى.

«يېڭىدىن توك تۈۋرۈكلىرى ئورنىتىلىپ، يېڭىدىن توك سىمى تارتىلىپ، بۇ قىشتا بىز توك پار ئىشلىتەلىدۇق» دېدى كېرىيە ناھىيەسى دەريا بويى يېزىسىنىڭ باشقا جايغا يۆتكەپ نامراتلارنى يۆلەش ـ ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسىدىكى كەنت ئاھالىسى ھەجەرخان مەتيۈسۈپ خۇشال ھالدا.

«ئىلگىرى ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسىدا توك بولسىمۇ، لېكىن توك بېسىمى تۇراقلىق ئەمەس ئىدى، ھازىر چوڭ ئېلېكتر تورىغا ئۇلانغاندىن كېيىن، تېلېۋىزور كۆرسەك، تورغا چىقساق بولىدىغان بولدى» دېدى ھەجەرخان تولۇقلاپ.

دۆلەت تورى خوتەن توك بىلەن تەمىنلەش شىركىتى ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىپ، كېرىيە ناھىيەسىدە سىيەك 110 كىلوۋولتلۇق توك يەتكۈزۈش ـ بېسىم ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، دەريا بويى يېزىسىغا چوڭ ئېلېكتر تورىنى تۇتاشتۇرۇپ، يېڭىدىن 235 ئائىلىلىككە توك سائىتى ئورنىتىپ بېرىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ۋە قىشتا ئىسسىنىشقا ئىشلىتىلىدىغان توك مەسىلىسىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلدى.

خوتەن ۋىلايىتىدىكى يەتتە ناھىيە، بىر شەھەر ئاممىنىڭ باش قاتۇرىدىغان، غەم قىلىدىغان، ئەندىشە قىلىدىغان ئىشلىرىنى كۈچەپ ھەل قىلدى، ھەرقايسى مەسئۇل ئورۇنلار باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىسى ۋە نەتىجە ئۈنۈمىنى سىجىل كۈچەپ مۇستەھكەملىدى، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراش، خەلق تۇرمۇشى ساھەسىدىكى ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان سېلىش قاتارلىق ئاساسىي قاتلامدىكى ئاممىا ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇردى.

خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ـ رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ۋە ساياھەت ئىدارىسى ساياھەت يول ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، ساياھەت ئاممىۋى مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرىنى يەنىمۇ ياخشىلىدى؛ نىيە ناھىيەلىك خەلق سوت مەھكىمىسى قانۇن بويىچە كۆپ خىل تەدبىر قوللىنىپ، ئەندىر يېزىسىدىكى 37 دېھقاننىڭ 1 مىليون 290 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق سودا توختام ماجىراسى دېلوسىنى ھەل قىلدى؛ نىيە ناھىيەلىك تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ نىيە يېزىسى توپى كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتى تور سۈپىتىدىن پايدىلىنىپ، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن 94 نامرات ئائىلىنىڭ ياڭاق، چىلان قاتارلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشىغا ياردەم بەردى…

خوتەن شەھەرلىك سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتى ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا زىچ مۇناسىۋەتلىك داۋالىنىش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش جەھەتتە سىجىل كۈچ سەرپ قىلىپ، ساغلاملىق ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشتىكى «ئاخىرقى بىر كىلومېتىر»نى كۈچەپ راۋانلاشتۇردى. يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا خىزمەت مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مەھەللە سەھىيە مۇلازىمەت مەركىزى، يېزا ـ بازارلىق شىپاخانىلارنى تەۋەلىكىدىكى ئاممىا زىچ توپلاشقان سورۇنلاردا ساغلاملىق تەربىيەسىدىن مەسلىھەت بېرىش سۇپىسى قۇرۇشقا تەشكىللىدى ھەم ئاممىنى سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللەرنى ھەر ۋاقىت زىيارەت قىلىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەپ، كەڭ ئاممىنىڭ سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللەرنىڭ خەۋپىگە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ، ئاھالىلەردە ساغلام تۇرمۇش ئادىتى يېتىلدۈردى.

ھازىرغا قەدەر، خوتەن ۋىلايىتى خەلق تۇرمۇشى، يول ئەسلىھەلەر قاتارلىق ئالتە چوڭ تۈردىكى 2877 مەسىلىنى تۈزىتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

نەپەس يولى، ئېغىر كېسەللەر ئىلمى، يۇقۇملىنىش، دوختۇرخانا ئىچىدىكى يۇقۇملىنىش، ناركوز قاتارلىق 15 كەسپتىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن، داۋالاش ئەترىتىنىڭ بارلىق ئەترەت ئەزالىرىغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈردى ۋە چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتتى ھەم ئەترەت ئەزالىرى ئارقىلىق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بىرىنچى سېپىدە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان كەڭ تېببىي خىزمەتچىلەردىن سەممىي ھال سورىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: ھازىر يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئاچقۇچلۇق مەزگىلدە تۇرۇۋاتىدۇ، شىنجاڭنىڭ 3 ـ تۈركۈمدىكى خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتى ۋۇخەنگە ياردەمگە بېرىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىگە قاتنىشىدۇ، بۇ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «يۇقۇم — بۇيرۇق، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش — مەسئۇلىيەت» دېگەن سۆزىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىدىغان ئەمەلىي ھەرىكەت بولۇپ، يۈكسەك ئاڭلىقلىقتىكى چوڭ ۋەزىيەت ئېڭى ۋە ئارمانسىز تۆھپە قوشۇش روھىنى نامايان قىلىدۇ، شىنجاڭدىكى 25 مىليون ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئىپتىخارى ۋە پەخرى.

شۆھرەت زاكىر مۇنداق دېدى: كۆپچىلىك باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، ئۆلۈمگە ئامال، ئاغرىققا سەۋەب قىلىش، مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ چېكى بولماسلىقتەك كەسپ روھى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ خۇبېي خەلقى بىلەن جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىللە بولۇشتەك قېرىنداشلىق مېھرى، شىنجاڭدىكى تېببىي خىزمەتچىلەرنىڭ ئېلىشىش روھى، كەسپىي ئەخلاقى ۋە كامالەتكە يەتكەن ماھارىتى ئارقىلىق ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، داۋالاش ـ قۇتقۇزۇش ۋەزىپىسىنى يۇقىرى سۈپەتلىك تاماملاپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشى ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ياردەم بېرىلىدىغان جايغا بارغاندىن كېيىن، كۆپچىلىكنىڭ بىخەتەرلىككە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆزى مۇداپىئەلىنىشنى كۈچەيتىپ، ئۆز بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئالدىنقى سەپ بىلەن ئارقا سەپنىڭ ئالاقىلىشىشى، ماسلىشىشىنى كۈچەيتىشى كېرەك. بۇيرۇققا بويسۇنۇپ، قوماندانلىققا بويسۇنۇپ، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىپ، ئىش ئورنىغا تېزدىن كىرىپ، قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشنى ئىلمىي يولغا قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەت ھەمدە پۈتۈن شىنجاڭ خەلقى باشتىن ـ ئاخىر كۆپچىلىكنىڭ كۈچلۈك ئارقا تىرەكى بولۇپ، كۆپچىلىكنىڭ بىخەتەر ھالدا، زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كېلىشىنى كۈتىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى تيەن ۋېن يولغا چىقىش مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

# ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ «ئۈچ مېلودىيە»سىنى ياڭرىتىش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تۇرسۇن مۇنداق دېدى: «پارتىيەنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىتى بەك ياخشى ئىكەن! مېنىڭ بالام شۇنچە كۆپ پۇل تاپالىدى، ئۆيدىكىلەر كېيىن قانداقلا ئىش قىلىشتىن غەم قىلمايمىز».

ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىنى قايتا ـ قايتا تەشۋىق قىلىش؛ سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلىۋاتقانلارنى ئۆز كەچۈرمىشىنى مىسال قىلىپ سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىش؛ كەنتتە ئۇششاق ئىگىلىك تىكلەش باغچىسى قۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ تەكلىپ قىلىش يىغىنىنى دېھقانلارنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئېچىش… سۆگەتلىك كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىدىغان بىر قاتار تەدبىرلىرى تېخىمۇ كۆپ ياشنى ئۆيىدىن چىقىرىپ، خىزمەت ئورنىغا چىقاردى.

دۆلەت ئىستاتىستىكا ئىدارىسى شىنجاڭ تەكشۈرۈش باش ئەترىتىنىڭ سۆگەتلىك كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 ـ شۇجى ۋاڭ ۋېي مۇنداق دېدى: «پۈتۈن كەنتتە 727 ئائىلىلىك كەنت ئاھالىسى بولۇپ، ئائىلە بېشىغا 1.3 ئادەم يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئىشلەمچىلەرنىڭ ئايلىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 2000 يۈەن بولدى، ئىشلەمچىلىك كىرىمى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىدى».

### يېڭى ماھارەت ئۆگىنىلدى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئىشەنچى بار بولدى

جىنشاۋ مېيۈچىلىكى ئۈچتۇرپان ناھىيەسى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كىرگۈزگەن يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈشتىكى باشلامچى كارخانا بولۇپ، ئۈچتۇرپان ناھىيەسىنىڭ ئاچاتاغ يېزىسىدا ئىككى ھەمراھ زاۋۇت قۇرۇپ، شۇ جايدىكى 200دىن ئارتۇق كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپىنچىسى يېزا ئاياللىرى ئىدى.

«ئىلگىرى نۇرغۇن كىشى سىرتقا چىقىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشنى خالىمايتتى، چۈنكى دۆلەت ئورتاق تىلىنى بىلمىگەنلىكى، ئىشلەمچىلىك قىلىش ماھارىتى كەمچىل بولغانلىقى ئۈچۈن، سىرتقا چىقىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى» دېدى جىنشاۋ مېيۈچىلىكى ئاچاتاغ يېزىسى بوغان كەنتىدىكى ھەمراھ زاۋۇتنىڭ سېخ مۇدىرى تۇردى تۇرسۇن. ئىشىك ئالدىدا ھەمراھ زاۋۇت قۇرۇلغاندىن كېيىن، كەنتتىكى بىر قىسىم ئائىلە ئاياللىرى ئىشقا ئورۇنلىشىش سۈپىسىغا ئىگە بولۇپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇردى.

ئۈچتۇرپان ناھىيەسى ئوتتېشى يېزىسى يار قوتان كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئابدۇنىياز تۇرسۇننىڭ قارىشىچە، ئىگىلىگەن ماھارەت قانچە كۆپ بولسا، ئالدىدىكى ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرى شۇنچە كۆپ بولىدىكەن. ئۇنىڭ ئائىلىسى ئىلگىرى نامرات ئائىلە بولۇپ، كەنت پۈتۈن ناھىيەنىڭ ئىش ئورنىنى دەل جايىدا كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بارغاندا، ئۇنى دۆلەت ئورتاق تىلىنى ياخشى ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈرگەندى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۈچتۇرپان ناھىيەسىدە بىر قار تېيىلىش مەيدانى قۇرۇلۇپ، ئۇ قار تېيىلىش مەيدانىنىڭ بىخەتەرلىك خادىملىقىغا تەكلىپ قىلىندى.

### ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ يېتەرلىك بولدى كەسپ تاللاش تېخىمۇ جانلىق بولدى

سوغۇق شامالدا، نەچچە ئىشچىنى باشلاپ كالىلارغا يەم بېرىپ بولغان ئالىمجان بارات يان تېلېفوننى چىقىرىپ مۇخبىرغا سۈرەتتىكى ھېكايىنى سۆزلەپ بەردى. بۇ سۈرەتلەردىكى ئاشخانىلارنىڭ ھەممىسىگە «ئالىمجان مەززىلىك تائاملار ئاشخانىسى» دېگەن ۋىۋىسكا ئېسىلغان بولۇپ، ئىچكىرى جايلاردىكى ئوخشاش بولمىغان شەھەرلەرگە تارقالغانىدى، ئۇلار ئالىمجاننىڭ ئىچكىرى جايلاردا ئىشلىگەن ئون نەچچە يىلغا گۇۋاھ ئىدى.

ئالىمجان سۆگەتلىك كەنتىدىن، ئۇ شىجياجۇاڭ شەھىرىدە ئاشخانا ئاچقان چاغدا، بىر يىلدا 500 مىڭ يۈەن تاپالايتتى، ئەمما 2016 ـ يىلى يۇرتىغا قايتىپ ئىگىلىك تىكلەشنى تاللاپ، ئاكىسى بىلەن كالا فېرمىسى قۇردى. دوستلىرى ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق تاللىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ مۇنداق دېدى: «مېنىڭ ئاشخانا تىجارىتىمنىڭ يەنە زورىيىپ تەرەققىي قىلىش بوشلۇقىنىڭ بولۇشى قىيىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشقا تۈرتكە بولىدىغانلارنىڭ سانى ناھايىتى ئاز، ئۆيگە قايتىپ كالا باقسام ئۇنداق بولمايدۇ».

ئۈچتۇرپان ناھىيەلىك ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشىدا، ئالىمجان بىلەن ئاكىسى قۇرغان كالا فېرمىسىدىكى كالا 400دىن ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 70 كالا ھاۋالىلىك بېقىلىدىغان نامراتلارنى يۆلەش كالىسى. نامرات ئاھالىلەرگە ھەر يىلى 1000 يۈەن پايدا ئايرىپ بېرىلىدۇ، يەنە بۇ يەرگە كېلىپ ئىشلەمچىلىك قىلىپ، يەنە بىر كىشىلىك ئارتۇق كىرىم قىلالايدۇ.

پۈتۈن كەنتنىڭ 2019 ـ يىلى نامراتلىق قالپىقىنى تاشلىغانلىقىنى كۆرۈپ ئالىمجان ئىشلىگەنسېرى غەيرەتكە كەلدى. تېخىمۇ كۆپ نامرات ئاھالىنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، بۇ يىل فېرما يەنە ئىككى قوتان كۆپەيتتى، كالا بېقىش كۆلىمىنى 1000غا يەتكۈزگىلى بولىدۇ.

مۇخبىرنىڭ ئىگىلىشىچە، 2019 ـ يىلى ئۈچتۇرپان ناھىيەسىدىكى شارائىتى بار نامرات كەنتلەر كىچىك ئاشخانا، كىچىك ماگىزىن، كىچىك ساتىراشخانا، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى ۋە كىچىك كەچلىك بازاردىن ئىبارەت «بەش كىچىك، بىر بازار» ئەندىزىسى بويىچە، كەنت دەرىجىلىك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىگىلىك تىكلەش بازىسى قۇرغان، 340تىن ئارتۇق ئەمگەكچىنى يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلىشىپ ئىگىلىك تىكلەشكە ئىلھاملاندۇرغان؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە موتوسىكلىت قۇراشتۇرۇش، ياڭاق پىششىقلاش، پايپاق ئوراپ ـ قاچىلاش، ئائىلە جابدۇقلىرى ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىق كەسىپلەرنى ئاساس قىلغان ھەمراھ زاۋۇتلارنى قۇرۇپ، 1200دىن ئارتۇق ئەمگەكچىنىڭ ئىشىك ئالدىدىلا ئىشقا ئورۇنلىشىپ كىرىمنى ئاشۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرغان.

---

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ـ قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# ۋاڭ جىن: تۇتۇش جەريانىدا پارتلاشقا ئۇچراپ، قەھرىمان باتۇرلارچە قۇربان بولدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، گۇييالڭ، 12 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار ۋاڭ جۈن، شى چيەنگۈي)** ۋاڭ جىن، 1970 ـ يىلى تۇغۇلغان، گۇيجوۋ ئۆلكىسىنىڭ تۇڭرېن شەھىرى سۇڭتاۋ مياۋزۇ ئاپتونوم ناھىيەسىدىن، تۇجيازۇ. 1990 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، ۋاڭ جىن گۇيجوۋ ئۆلكىلىك خەلق ساقچىلىرى مەكتىپىگە ئىمتىھان بېرىپ كىرگەن، 1992 ـ يىلى 8 ـ ئايدا جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقان، گۇيجوۋ ئۆلكىسى سۇڭتاۋ ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى يۇڭئەن ساقچىخانىسىدا خەلق ساقچىسى بولغان، 3 ـ دەرىجىلىك مەسئۇل ساقچى.

ۋاقىتنى 1999 ـ يىلغا سۈرسەك، بۇ ۋاڭ جىننىڭ خىزمەتكە قاتناشقان يەتتىنچى يىلى ئىدى. شۇ يىلى 8 ـ ئاينىڭ بېشىدا، سۇڭتاۋ ناھىيەسى يۇڭئەن ساقچىخانىسى ئاممىنىڭ بىر قاچقۇننىڭ يۇڭئەن يېزىسىدىكى بىر ئاشخانىدا تاماق يەۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى پاش قىلىش مەلۇماتىنى تاپشۇرۇۋالغان. مەلۇماتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، مۇئاۋىن ساقچىخانا باشلىقى رەن چىجۇڭ دەرھال خەلق ساقچىلىرى بىلەن بىرلەشمە مۇداپىئە ئەترىتى ئەزالىرىنى تەشكىللەپ تۇتۇشقا ئاتلانغان.

تۇتۇش جەريانىدا، قاچقۇن لى Xجوۋ تۇتۇشقا زورلۇق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن، جىددىي ئەھۋالدا، قوغلاپ تۇتۇشقا كەلگەن خەلق ساقچىسى ئوق چىقىرىپ ئاگاھلاندۇرغان.

بۇ چاغدا، كېسەل سەۋەبىدىن ئۆيىدە دەم ئېلىۋاتقان ۋاڭ جىن ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىغان. كۆپ يىللىق كەسپىي سەزگۈرلۈكى ۋە خىزمەت مەسئۇلىيەتچانلىقىغا تايىنىپ، ئۇ دەرھال ئۆيىدىن ئېتىلىپ چىقىپ، ئوق ئاۋازى ئاڭلانغان جايغا قاراپ يۈگۈرگەن. قورشاپ توسۇپ تۇتۇش ئارقىلىق، قاچقۇن لى Xجوۋ تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغان.

ۋاڭ جىن ئۇدۇل ئېتىلىپ بېرىپ قاچقۇن لى Xجوۋنى تۇتۇۋالغاندا، ئەسەبىيلەشكەن لى Xجوۋ ئۆزى ياسىۋالغان قارا رەڭلىك پارتلاتقۇچ بوغچىسىنى چىقارغان ھەم پىلتىسىنى تارتقان. پارتلاتقۇچ بوغچىسى ئىنتايىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە پارتلىغان، لى Xجوۋ نەق مەيداندا ئۆلگەن، ۋاڭ جىن قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان. قۇربان بولغاندا، ۋاڭ جىن 29 ياشتا بولۇپ، ئۇنىڭ قىزى ئەمدىلا ئىككى ياشقا كىرگەنىدى.

جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقاندىن بۇيان، ۋاڭ جىن جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئاساسىي مەقسىتىنى باشتىن ـ ئاخىر ئېسىدە چىڭ ساقلاپ ۋە تىرىشىپ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ئىجتىھات بىلەن ئىشلەپ، مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىپ، پاك ـ دۇرۇس بولۇپ، ئۈن ـ تىنسىز تۆھپە قوشقان. ئۇ كۆپ قېتىم تەقدىرلەنگەن، كۆپ قېتىم ئىلغار شەخس بولۇپ باھالانغان. 1999 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، ۋاڭ جىنغا مەملىكەت بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدىكى 1 ـ دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى دەپ تولۇقلاپ نام بېرىلگەن.

# قېرىنداشلارچە رىشتە باغلاش، قېرىنداشلاردەك ئۆتۈش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«بىرىپ كۆرۈپ كېلەي» دېگەن سەممىي سۆز چوڭقۇر مۇھەببەتكە تولغان. شىنجاڭ بىلەن خۇبېينى تاغ ـ دەريالار ئايرىپ تۇرسىمۇ، بىراق نۇرغۇن شىنجاڭلىق ئۈچۈن ئېيتقاندا، ۋۇخەن ياقا يۇرت ئەمەس، يىراقمۇ ئەمەس، ئۇ بەلكىم ئاتا ـ ئانام كىچىكىدىن تارتىپ چوڭ بولغان جاي، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ خىيالىدىن چىقمايدىغان يۇرتى بولۇشى مۇمكىن؛ بەلكىم مەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا تۇرغان شەھەر بولۇپ، مېنىڭ ياشلىق باھارىم ۋە ئارزۇيۇمنىڭ گۇۋاھچىسى بولۇشى مۇمكىن؛ بەلكىم مېنىڭ سىرتقا چىقىپ ئىشلەش مەنزىلگاھىم بولۇپ، مېنىڭ بەختىم ۋە ئۈمىدىم باغلانغان بولۇشى مۇمكىن… دەل مۇشۇنداق بولغاچقا، دەھشەتلىك يۇقۇم ۋۇخەنگە خالىغانچە زىيانكەشلىك قىلغاندا، بىز كۆزىمىزگە ياش ئالدۇق، بىز بۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇق، ھەربىر ۋۇخەنلىك بىزنىڭ قان قېرىندىشىمىز، ۋۇخەن خەتەرلىك ئەھۋالدا قالغان پەيت دەل بىز قىلچە ئىككىلەنمەي، كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىدىغان پەيت.

جۇڭخۇا مىللىتى ھايات ـ ماماتتا بىللە بولىدىغان قان قېرىنداش ئورتاق گەۋدە. «ئائىلىمىز بىر، دۆلىتىمىز جۇڭگو. ھەممىمىز بىر ئائىلە كىشىلىرى، سەن، مەن دەپ ئايرىمايمىز.» شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىا بۇ ناخشىنىڭ چىن مەنىسىنى ئەڭ ھېس قىلغان. شىنجاڭنىڭ بۈگۈنكى ئىناقلىقى، مۇقىملىقى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ زور كۈچ بىلەن ھەمدەم بولغانلىقىدىن، بولۇپمۇ شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان 19 ئۆلكە، شەھەرنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىدىن ئايرىلالمايدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە خۇبېي خەلقىنىڭ قېرىنداشلارچە مېھرىمۇ بار.

قېرىنداشلارچە رىشتە باغلاش، قېرىنداشلاردەك ئۆتۈش. بىر چوڭ ئائىلىدىكى ئاكا ـ ئىنى، ئاچا ـ سىڭىللار ئۇرۇق ـ تۇغقاندەك يېقىن، قان بىلەن گۆشتەك زىچ باغلىنىشلىق. ئاپەت ئالدىدا، خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى كېيىنكىلەر بېسىپ، مىڭ چاقىرىملىق ياردەم بېرىش سەپىرىگە ئاتلاندى، يەنە تېخىمۇ كۆپ شىنجاڭلىق ئوخشاش بولمىغان شەكىلدە ۋۇخەنگە بولغان مەدەتنى ئىپادىلىدى، بىز مەنپەئەتداش ۋە تەقدىرداش بولۇپ، ئۆز ئارا ھەمدەم بولۇپ، بىرلىكتە زىچ ئىتتىپاقلاشساقلا، چوقۇم قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ، باھاردا گۈللەر ئېچىلىدىغان پەيتنى كۈتۈۋالالايمىز.

**(«سۆز ھەممىگە» ئىستونىغا ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbplb@126.com)**

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)